# نۇھ ئەلەيھىسسالام



ئاپتورى: ئۆزكان ئۆزە

رەسسام: سەۋگى ئىچىگەن

ئۇيغۇرچە تەييارلىغۇچى: غۇنچىلار







ئادەم ئەلەيھسسالام دۇنياغا كېلپ يۈزلگەن، مڭلغان يللار ئۆتتى، ئنسانلار تەدرىجي كۆپييپ زېمنغا تارقالدى، يېزا-قشلاق ۋە شەھەرلەر بەرپا بولدى. ئەمما بارغانسېرى ياخشى ئنسانلارغا قارىغاندا ناچار ئادەملەر كۆپييپ كەتتى، كشلەر ئاللاھنى ئۇنتۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلدى.


مۇھتاجلار بۇتلاردىن: «ئى تەڭرىم، ماڭا ئۇنى ئاتا قىلساڭ، بۇنى بەرسەڭ» دەپ ياردەم تىلەيتتى. بىرەر نەرسىدىن قورققانلار: «ئى تەڭرىم، مېنى ئۇنىڭدىن مۇھاپىزەت قىلغىن، بۇنىڭدىن قوغدىغىن» دەپ بۇتلارغا يالۋۇراتتى، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغانلارمۇ بۇتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى تەڭرىم، بىزنى قۇتقۇزغانلىقىڭغا كۆپ رەھمەت» دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.








ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلاتتى، ئاللاھتىن باشقىغا قەتئىي ئىبادەت قىلمايتتى. بىرەر ئېھتىياجى بولسا پەقەت ئاللاھتىنلا تەلەپ قىلاتتى، چۈنكى ھەممە نەرسىنى پەقەت ئاللاھ ياراتقان ئىدى، بىرەر نەرسىدىن قورققاندا يەنە ئاللاھقا سىغىناتتى، چۈنكى ئاللاھ ھەممە نەرسىدىن ئۇلۇغ ئىدى، لەززەتلىك مېۋە-چېۋىلەرنى يېگەندىمۇ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتاتتى.



چۈنكى بۇ لەززەتلىك مېۋە-چېۋىلەرنى يارىتالايدىغان زات پەقەت ئاللاھ ئىدى. بۇتلار بولسا جانسىز ۋە ئەقىلسىز، بۇتلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغانلارمۇ ئوخشاشلا ئەقىلسىز ئىنسانلار ئىدى.





ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە خىتاب قىلىپ: «ئەي قەۋمىم! تاش، ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان بۇتلاردىن ياردەم سوراشنى توختىتىڭلار، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەڭلار» دېدى.

كىشىلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق غەزەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇنى ھاقارەتلەپ، چالما-كېسەك قىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى.







هالبۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللىغان پەيغەمبەر ئىدى، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى كېرەك ئىدى، نۇرغۇن يىللار ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن ئاز كىشى ئىمان ئېيتتى، ئىمان ئېيتمىغانلار ئىمان ئېيتقانلارغا كۆپ زۇلۇم قىلدى.


نۇھ ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ بۇتقا ئىبادەت قىلغانلارغا: «زۇلۇمنى توختىتىڭلار، ئەگەر توختاتمىساڭلار سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن ئاللاھ ئۈستىمىزگە بالا-قازا ئەۋەتىدۇ» دېدى. ئۇلار ئىشەنمەي: «قېنى ئەۋەتىپ باقسۇن، كۆرۈپ باقايلى» دېيىشتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھىم، مەن ئىنسانلارنى ساڭا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدىم، ئەمما ئۇلار ماڭا قارشى چىقتى، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى» دېدى.






ئاللاھ نۇھ ئەلەيھسسالامغا: «كۆڭلۆڭنى يېرم قلمغن، ئننتاين چوڭ بر كېمە ياسغن» دەپ بۇيرۇق قلدى. نۇھ ئەلەيھسسالام كېمە ياساشنى بلمەيتتى، ئاللاھ ئۇنڭغا ئۆگەتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام دەرھال كېمە ياساشقا كىرىشتى، كېمە ئاستا-ئاستا پۈتۈۋاتاتتى، كىشىلەر كېمىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.





ئىمان ئېيتمىغانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: «ھا ھا، بۇ يەردە دېڭىز بولمىسا، بۇ كېمىنى قەيەردە ماڭغۇزىسەن؟» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. كېمە ئاخىرى پۈتتى، ۋاھ، بۇ نېمە دېگەن چوڭ كېمە - ھە!




ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ھايۋانلاردىن بىر ئەركەك، بىر چىشىنى كېمىگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام: «تېز بولۇڭلار، كېمىگە چىقىڭلار» دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

جۈپ-جۈپ ھايۋانلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر نۆۋەت بىلەن كېمىگە چىقتى.



كېمىنىڭ ئىشىكلىرى مەھكەم تاقالدى، ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ئاسمان گۈلدۈرلەپ، شىددەت بىلەن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، شۇ قەدەر قاتتىق ياغدىكى، ھەممە يەرنى سەل بېسىپ كەتتى. كېمە سەل ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى، گۈلدۈرماما بىلەن قاتتىق يامغۇر ئۇدا بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى ۋە توپان بالاسىغا ئايلاندى.






كېمىدىكى كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم توپان بالاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئەڭ ئېگىز تاغقا چىقىۋالغانلارمۇ سۇ ئاستىدا قالدى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ، يامغۇر ئاخىرى توختىدى، چۈنكى ئاللاھ يامغۇرغا توختاش بۇيرۇقى بەرگەن ئىدى، ئاللاھنىڭ نۇرلۇق قۇياشى تاغدەك بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىدىن كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولدى، كېمە جۇدى تېغىدا توختىدى.





جۈپ-جۈپ ھايۋانلار ۋە ئىمان ئېيتقان ئىنسانلار خۇشاللىق بىلەن كېمىدىن چۈشتى.





یەریۈزى كېچىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار، كۈندۈزدىكى چىرايلىق گۈل-چېچەكلەرنى كۆرگەندە «ئاللاھ بۇلارنى نېمە دېگەن گۈزەل ياراتقان- ھە!» دەيدىغان ئىنسانلار بىلەن قايتىدىن شاتلاندى.

# نۇھ ئەلەيھىسسالام



**ئەسكەرتىش:** بۇ كىتابتىكى رەسىملەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ يۈزى تەسۋىرلەنمىگەن، چۈنكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلەرگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ چىراي شەكلىنى تەسۋىرلىمەيدۇ.